# بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەسچىتكە بىرگە ئېلىپ چىقىپ مۇنبەرگە چىقتى ۋە: «مېنىڭ بۇ نەۋرەم ئالى جاناپتۇر، ئاللاھ تائالا بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى جامائەتنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ» دېدى

بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەسچىتكە بىرگە ئېلىپ چىقىپ مۇنبەرگە چىقتى ۋە: «مېنىڭ بۇ نەۋرەم ئالى جاناپتۇر، ئاللاھ تائالا بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى جامائەتنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىركۈنى نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزى بىلەن مەسچىتكە بىرگە ئېلىپ چىقتى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆتۈرۈپ مۇنبەرگە چىقىپ كىشىلەرگە نەۋرىسى ھەسەننىڭ ئالى جاناپ، ئەسلى ئۇلۇغ، ئېسىل نەسەپلىك، زېمىن يۈزىدىكى ئەڭ ئېسىل ئائىلىگە نىسبەت بېرىلىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نەۋرىسى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلاردىن ئۆز-ئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ئىككى جامائەتنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى جامائەتنىڭ بىرلىشىدىغانلىقى ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گەۋدە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولغان كاتتا ئىككى جامائەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئارىدىكى تالاش-تارتىشنى تۈگىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغانلىقىدا ھېچشەك يوق. بۇ ئىش ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىلاپەتتىن چۈشۈپ بېرىش بىلەن ھاسىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان بۇ ئىككى جامائەت بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ ھاياتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يىل ھىجرىيىنىڭ 40 ياكى 41-يىلى يەنى جامائەت بىرلەشكەن يىل دەپ ئاتالغان



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee